يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە شىنجاڭ «ئون چوڭ كەسىپ»نى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋتۇك، ۋاڭ شىغرۇيى**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، كەلگۈسى بەش يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىز مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ خاس ئەۋزەللىككە قويۇپ، نېفىت، نېفىت خىمىيە، كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار، باغ - ئورمانچىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، نان، ئۈزۈم ھارىقى، ساياھەت قاتارلىق «ئون چوڭ كەسىپ»نى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇپ، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىدۇ.

«كەسىپ ئاساسىنى يۇقىرى دەرىجىلىكلەشتۈرۈش، كەسىپ زەنجىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنىڭ سۈپەت - ئۈنۈمى ۋە يادرولۇق رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى زاكىر زوردۇن مۇنداق بىلدۈردى: «ئون چوڭ كەسىپ» ئىچىدە ھەجىم مىقدارى چوڭ، تىرەككىلىكى كۈچلۈك بولغان نېفىت، نېفىت خىمىيە، كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى ۋە ئېلېكتىر ئېنېرگىيە قاتارلىق كەسىپلەر بار، يەنە توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار قاتارلىق ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەر بار، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دىققەت شىنجاڭنىڭ خاس ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، باغ - ئورمانچىلىق، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، نان، ئۈزۈم ھارىقى قاتارلىق كەسىپ تۈرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، «ساياھەت»تىن ئىبارەت بۇ، ھەم ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولالايدىغان، ھەم پۈتۈن دۇنياغا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە خاس كەسىپلىرىنى تەشۋىق قىلىپ تونۇشتۇرالايدىغان كەسىپكە تېخىمۇ ئېتىبار بېرىلدى.

«ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى يۇقىرى دەرىجىلىكلەشتۈرۈش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش، يېشىللاشتۇرۇشنى جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.» سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ گوخې مۇنداق بىلدۈردى: «ئون چوڭ كەسىپ» سانجى ئوبلاستىدا مۇئەييەن تەرەققىيات شارائىتى ۋە ئاساسى ھازىرلانغان، بولۇپمۇ كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى كەسىپىنىڭ ئەۋزەللىكى بىرقەدەر روشەن. سانجى ئوبلاستى ئەنئەنىۋى كەسىپلەردە يېڭى بىر نۆۋەتلىك مۇھىم، زور تېخنىكا ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي يولغا قويۇپ، كەسىپ ھۈنەر - سەنئىتىنى ياخشىلاش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ.

«زەنجىرنى ئۇزارتىش، زەنجىرنى تولۇقلاش، زەنجىر بەرپا قىلىش، زەنجىرنى كۈچەيتىشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، كەسىپ زەنجىرىدە بىر تۈركۈم يادرولۇق كارخانىلارنى يېتىلدۈرۈپ ۋە بەرپا قىلىپ، خاسلىقنى مۇجەسسەملەپ، سۈپەتلىك ماركا يارىتىپ، ئۇسلۇبلۇق شەكىللەندۈرۈش كېرەك.» بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى گاڭ مۇنداق دېدى: نېفىت، نېفىت خىمىيە، كۆمۈر، كۆمۈر خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلار بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ ئەۋزەل كەسىپلىرى ھېسابلىنىدۇ. توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەكنى مىسالغا ئالساق، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 1 مىليون 200 مىڭ توننىلىق PTA تۈرى پۈتكەندىن كېيىن، پۈتۈن ئوبلاستنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىدە گۈل بېسىش - بوياش، رەخت توقۇش، تەييار كىيىم - كېچەك ئىشلەپچىقىرىش پۈتۈن زەنجىرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ، بۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا زور تۈرتكىلىك رول ئويناپلا قالماي، يەنە مۇئەييەن ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

«ھاراق ئېچىتىدىغان ئۈزۈم ئۆستۈرۈش بايىنغولىن ئوبلاستىدا تەدرىجىي كۆلەم شەكىللەندۈردى، لېكىن ئۈزۈم ھارىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىدا يەنىلا مۇئەييەن چەكلەش ئامىللىرى مەۋجۇت.» لى گاڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلىپ، بايلىق ۋە سۈپەتلىك ماركىلارنى بىرىكتۈرۈپ، «ئون چوڭ كەسىپ»نى زورايتىش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

4 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىرقەدەر كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ساپاغا ئىگە، ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسى مول 20 نەپەر مۇتەخەسسىسنى نىزام چىقىرىش مەسلىھەت بېرىشكە تۇنجى قېتىم تەكلىپ قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىشنى مۇھىم كەسپىي تىرەك ۋە ئەقلىي كۈچ مەدەتتى بىلەن تەمىنلىدى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رايون تەسىس قىلىنغان شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ نىزام چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ كۆكەرتىشنى باشقۇرۇش نىزامى» «قومۇل شەھىرىنىڭ مەدەنىي ھەرىكەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى» «تۇرپان شەھىرىنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم سۈپىتىنى باشقۇرۇش نىزامى» «كورلا شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىدا ئىت بېقىشنى باشقۇرۇش نىزامى» «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پۈتۈن رايون ساياھىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش نىزامى» «قاراماي شەھىرىنىڭ ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش نىزامى» «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باغراش كۆلى سۈيىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش نىزامى» «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بورتالا دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى قوغداش نىزامى» قاتارلىق 20 يەرلىك نىزام ۋە يەككە نىزامنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ بايىنغولىن ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ‹بايىنغولىن ئوبلاستى قايدۇ - كۆنچى دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ سۇ مۇھىتىنى قوغداش ۋە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش نىزامى›نى بىكار قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»نى تەستىقلاش توغرىسىدىكى قارارىنى ئاۋازغا قويۇپ ماقۇللىدى.

«بىز تەستىقلاشقا يوللانغان نىزاملارنى تەكشۈرۈش خىزمەت قائىدىسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، مۇددەتتىن بۇرۇن ئارىلىشىپ، تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، تەستىقلاشقا يوللانغان مۇھىم نىزام لايىھەلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەستىقلاشقا يوللانغان نىزاملارنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈشتە جىپسىلاشتۇرۇش، ھەمتۈرتكە بولۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەنگە ئېلىپ تەكشۈرۈش ئۇچۇر سۈپىتى قۇرۇلۇشى ۋە ئۈنۈمى قوللىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت قانۇن - تۈزۈمىنىڭ بىرلىكىنى ئۈنۈملۈك قوغداپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈردۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشان - ۋەزىپىلىرى، تەرەققىيات يېڭى يولى، ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلىرى ۋە نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش قاتارلىقلارغا نىسبەتەن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ھۆكۈمەت پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ھۆكۈمەت بەنگۈڭتىڭى پارتىيە گۇرۇپپىسى ھەممە ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى ئىلمىي، ياخشى تۈزۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنى شىنجاڭنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى كۆزلەپ، بىر قاتار مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلدى، بۇ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ھۆكۈمەت خىزمىتىدە يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى دەل جايىدا ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە سىڭىشىشتىكى مۇھىم مىزان. ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ رېئال ئاساسى، مۇھىم، زور پۇرسىتى، مەسىلە - كەمتۈكلۈك ۋە تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئومۇمىي يىغىندا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك دەل جايىدا ئىگىلەپ، ھەقىقىي تۈردە ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئورۇنلاشتۇرما، تەلەپلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، تەتقىق قىلىش، پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئاپتونوم رايونىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تۈزۈشتە ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەرنى تەسىس قىلىشتىن نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى پىلانلاشقىچە، مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلارنى بېكىتىشتىن يانداش سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقىچە، ھەممىسىدە «تەكلىپ»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك تەلەپلەرنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى ۋە سىستېما قارىشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كىرىش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، «تەكلىپ»تىكى تۈرلۈك تەلەپلەرنى مۇناسىۋەتلىك مەخسۇس يىرىك پىلانلاردا ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇپ، ماس ئالغا سىلجىتىش كېرەك. دىققەتنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئايدىڭلاشتۇرغان نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، «13 - بەش يىل»نى تاماملاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ئاساس سېلىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى مۇكەممەل، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ «يىرىك پىلان خەرىتىسى» ۋە «ھەرىكەت لايىھەسى» بېكىتىلدى، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى ئېنىق تۈزۈپ چىقىلدى. بىز «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلىپى بويىچە، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي، كەسكىن ياخشى تۇتۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مۇلازىمەت قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بېكىتكەن بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە كېڭەشش پىلانىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، كۆزدىن كەچۈرۈش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش قاتارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش پائالىيەتلىرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىش، سىجىل قوش يۆنىلىشلىك كۈچەشكە كۈچ سەرپ قىلىش، نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئەزالار، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملارنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ، پائال كېڭەشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. خەلقچىل ھېسسىياتتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ قوشۇش كېرەك. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى قوغداش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى سىياسىي كېڭەشنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتىكى ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپە قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر يولغا قويۇلۇشىغا كۈچ قوشۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆگىنىش ئارقىلىق سەۋىيەنى ئۆستۈرۈش، كېڭەشىش ئارقىلىق ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. مەخسۇس كېڭەش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كېڭەشىش دېموكراتىيەسىنى سىياسىي كېڭەشنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئادا قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئەزالارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە يېتەكلەپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن جۇرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، ئاساسىي پرىنسىپى ۋە ئاساسىي نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم 2035 - يىللىق تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى ئىلمىي پىلانلاندى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنى باشتىن - ئاخىر خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، سىستېمىلىق قاراشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تەپەككۇر قىلىش، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك پىلانلاش، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇش، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى مۇكەممەل، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى چىڭ كۆزلەپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى چۆرىدەپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك. نىزام چىقىرىش كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەت، ئىقتىساد، خەلق تۇرمۇشى، مۇھىت قوغداش قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەردە نىزام چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، نىزام چىقىرىش، تۈزىتىش كىرگۈزۈش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىزاھلاشنى تەڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئاساسلىنىدىغان نىزام بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، نىزام چىقىرىش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قانۇنچىللىق تىرىكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك؛ نازارەت قىلىش، قوللاشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىكىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش، توغرا نازارەت قىلىش، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇن - نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشنى «بىر ھۆكۈمەت، بىر كومىتېت، ئىككى مەھكىمە»نىڭ نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، نازارەتچىلىك ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، نازارەتچىلىكنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مۇلازىمەت كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك؛ ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، «ئىككى ئالاقىلىشىش» تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيە ۋە تەكلىپلىرىنى يەنىمۇ ياخشى بېجىرىپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىدا ئاپتونوم رايونىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى ئەستايىدىل قاراپ چىقىشقا تەشكىللەپ، «14 - بەش يىل»نى ياخشى باشلاشقا، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە ئاساسىي پرىنسىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، ئاچقۇچ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ھەرىكەتتە كۆرسىتىشتە. خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى خەلق مەيدانىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۈمىڭ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلاردىن مۇتەللىپ قاسىم، بادەي، مانەن زەينەل، سو يۆ يىغىنغا قاتناشتى، مۇئاۋىن مۇدىر دۇڭ شىنگۇاڭ يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)